

شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 6 ـ ئاي
11
پەيشەنبە
维吾尔文 6 月11日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65－0002/－W: مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

新疆日报 شينجياڭ گازەتى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25089 ـ سان بۈگۈن 4 بەت

ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا، بىر مىللەتمۇ كەم قالسا بولمايدۇ

☐ **شىنخۇا ئاگېنتلىقى ئوبزورچىسى**

«ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا، بىر ئاز سانلىق مىللەتمۇ كەم قالسا بولمايدۇ.» باش شۇجى شى جىنپىڭ يېقىندا نىڭشيادا تەكشۈرۈشتە بولغاندا، يېزا، مەھەللە، نامراتلارنى يۆلەش سېخى قاتارلىقلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتى ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرگە قارىتا يېڭى ئورۇنلاشتۇرمىلارنى قىلدى. ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىۋاتقان ئاچقۇچلۇق پەيتتە، باش شۇجى پارتىيەمىزنىڭ ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشكە ئورتاق قەدەم قويۇشتىكى قەتئىي ئىرادىسىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلىپ، ھەر مىللەت خەلق ئىنتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىدىغان قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملىدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ باشتىن ـ ئاخىر مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنىڭ قانداق بولۇۋاتقانلىقىغا، ئاز سانلىق مىللەت نامرات ئاممىسىنىڭ قانداق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ نىڭشيادا تەكشۈرۈشتە بولغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، داۋاملىق تۈردە ئىقتىسادى گۈللەنگەن، مىللەتلەر ئىتتىپاق، مۇھىتى گۈزەل، خەلقى باياشات گۈزەل يېڭى نىڭشيا قۇرۇش كېرەك

6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن 10 ـ كۈنىگىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ نىڭشيادا تەكشۈرۈشتە بولدى. سۈرەتتە: 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، شى جىنپىڭ ۋۇجۇڭ شەھىرى خۇڭسىباۋ رايونى خۇڭسىباۋ بازىرىنىڭ خۇڭدې كەنتىدە كۆچۈرۈلگەن ئاممىنى يوقلاپ، كەنت ئاھالىلىرىگە قول ئىشارىتى قىلىپ ئېھتىرام بىلدۈردى.

☐ **شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى شېي خۇەنچى فوتوسى**

6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن 10 ـ كۈنىگىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ نىڭشيادا تەكشۈرۈشتە بولدى. سۈرەتتە: 6 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، شى جىنپىڭ يىنچۈەن شەھىرى خېلەن ناھىيەسى داۋيۇ كۆۋجيەن يېزا ـ كەنت ئېكولوگىيە سەيلە ـ ساياھەت باغچىسىدا، ئىشلەۋاتقان كەنت ئاھالىلىرى بىلەن سەمىمىي پاراڭلاشماقتا.

☐ **شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى شېي خۇەنچى فوتوسى**

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، يىنچۈەن، 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تېلېگراممىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا نىڭشيادا تەكشۈرۈشتە بولغاندا مۇنداق تەكىتلىدى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، مەملىكەتلىك «ئىككى يىغىن»نىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئېلىپ كەلگەن پايدىسىز تەسىرنى تىرىشىپ يېڭىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، داۋاملىق تۈردە ئىقتىسادى گۈللەنگەن، مىللەتلەر ئىتتىپاق، مۇھىتى گۈزەل، خەلقى باياشات گۈزەل يېڭى نىڭشيا قۇرۇش كېرەك.

ياز كۈنلىرىدىكى تومۇز ئىسسىقتا، شىمالدىكى جياڭنەن بوستانلىقىدا ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، ئوت ـ چۆپلەر بۇلۇق ئۆسكەنىدى. 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن 10 ـ كۈنىگىچە، شى جىنپىڭ نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن رۈنئېر، ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى شيەن خۈينىڭ ھەمراھلىقىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ۋۇجۇڭ، يىنچۈەن قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، يېزا، مەھەللە، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش قۇرۇلۇشى، يېزا ئىگىلىك كەسىپ باغچە رايونى قاتارلىقلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراشنى كۈچەيتىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش توغرىسىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

ۋۇجۇڭ شەھىرى خۇڭسىباۋ رايونى خۇڭسىباۋ بازىرىنىڭ خۇڭدې كەنتى ئېكولوگىيىلىك ئاھالە كۆچۈرۈلگەن كەنت بولۇپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن 1036 ئائىلىلىك 4497 نامرات ئاھالە بار، ھازىر يەنە 20 ئائىلىلىك 50 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلمىدى. 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، شى جىنپىڭ ئالدى بىلەن خۇڭدې كەنتىگە كېلىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى تەكشۈردى. كەنتتىكى نامراتلارنى يۆلەش سېخىنىڭ قورۇسىدا، ئۇ نىڭشيا ھەمدە خۇڭدې كەنتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلىدى. شى جىنپىڭ نامراتلارنى يۆلەش سېخىغا كىرىپ، قەغەز يەشىك پىششىقلاۋاتقان كەنت ئاھالىلىرى بىلەن سەمىمىي پىكىر ئالماشتۇردى. يۇرتداشلار باش شۇجىغا كەنتنىڭ كارخانا كىرگۈزۈپ قەغەز يەشىك، ئوراش ـ قاچىلاش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ، 100دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلغانلىقىنى ئېيتتى. شى جىنپىڭ بۇنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: نامراتلارنى يۆلەش سېخى قۇرۇشتىكى مەقسەت نامراتلارنى يۆلەش، سېخنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خاراكتېرىدە چىڭ تۇرۇپ، قىيىنچىلىقى بار ئاممىغا مايىللىشىپ، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى كۆپرەك قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. يۇرتداشلار ئىشكى ئالدىدا ئىشقا ئورۇنلاشسا، گەرچە كىرىمى شەھەرگە كىرىپ ئىشلەمچىلىك قىلغاندىكىدەك يۇقىرى بولمىسىمۇ، لېكىن ياتاق، تاماق، قاتناش قاتارلىق خىراجەتلەرنى تېجەپ قالالايدۇ، يەنە ئائىلىسىدىن خەۋەر ئالالايدۇ، بىر ئىشتىن كۆپ ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيدۇ. كارخانىلارنىڭ نامراتلارنى يۆلەش سېخى قۇرۇشقا قاتنىشىشى ئالدىن بېيىغانلار كېيىنكىلەرنى بېيىشقا يېتەكلەشنىڭ نامايەندىسى بولۇپ، ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىكەن.

ئارقىدىن، شى جىنپىڭ پىيادە مېڭىپ كەنت قىياپىتىنى كۆزدىن كەچۈردى. خۇيزۇ كەنت ئاھالىسى ليۇ كېرۇينىڭ ئۆيىدە، ئۇ ھويلا، مېھمانخانا، ياتاق ئۆي، ئاشخانا، كالا قوتىنىنى تەپسىلىي كۆرۈپ، بۇ ئائىلىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش، كىرىم قىلىش، كېسەل كۆرسىتىش، ئىجتىمائىي سۇغۇرتىغا قاتنىشىش قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. ليۇ كېرۇي باش شۇجىغا ئائىلىسىنىڭ تىرىلغۇ يېرىنىڭ ئۆتۈنۈپ بېرىلگەنلىكىنى، يەنە ئۈچ كۆش كالىسى بېقىۋاتقانلىقىنى، ئوغلى ۋە كېلىنىنىڭ يېقىن ئەتراپتىكى توقۇمچىلىق زاۋۇتىدا ئىشلەيدىغانلىقىنى، 2017 ـ يىلى پۈتۈن ئائىلە بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

كەسىپ تورى زىچ توقۇلۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يولى كېڭەيتىلدى

☐ **پۈتۈن تارانتۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ شىگرۈي**

كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا تۈرتكە بولىدىغان تۈپ تەدبىر. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئېغىر نامرات رايونلار مەۋقەنى ئەۋزەللىككە قويۇپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كەسىپ ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش يولىنى ماڭغانسېرى كېڭەيتتى.

1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسىپلەر بەس ـ بەستە كۆچەيدى

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ باقمىچىلىقى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، شۇ جايدىكى خېلى كۆلەمگە ئىگە خاس كەسىپكە ئايلاندى. 6 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، خوتەن ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىكى، يېزا ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچىسى لى فۇخۇۋ مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: خاس تۈۋرۈك كەسىپلەر نۇقتا ھالەت، تارقاق ھالەتتىن بەلباغسىمان، كاللەكسىمان ھالەتكە توپلىنىشقا يۈزلىنىپ، ئەۋزەللىكى بولمىغان ئىشلەپچىقىرىش رايونىدىن ئەۋزەل ئىشلەپچىقىرىش رايونىغا مەركەزلەشتى، خوتەن ۋىلايىتى مەملىكەت بويىچە توشقان، غاز باقمىچىلىقى كۆلىمى ئەڭ چوڭ رايونلارنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش جەھەتتە مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرماقتا.

بۇ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كەسىپلەر تەرەققىياتى ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشتىكى جانلىق ئەمەلىيىتى، يەنە ئۇنىڭغا يەرلىكتىكى كەپتەر، كۆپ كېزەكلىك گۆش قويى، ئېشەك قاتارلىق چارۋا باقمىچىلىقى، ئۆي قۇشلىرى باقمىچىلىقى ۋە زەمبۇرۇغ تېرىقچىلىقى قوشۇلۇپ، خوتەن ئوتتۇرىغا قويغان «100 مىڭ، 1 مىليون، 10 مىليون، 100 مىليون» كەسىپ تەرەققىيات قۇرۇلۇشى قەدەممۇ قەدەم رېئاللىققا ئايلىنىپ، زور بىر تۈركۈم نامرات ئائىلىلەر بۇنىڭدىن نەپكە ئېرىشتى.

«كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق بىر تۈركۈمنى يۆلەش» تەلىپى بويىچە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئېغىر نامرات رايونلار يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش، توقۇمچىلىق، كىيىم ـ كېچەك، ئېلېكترونلۇق مەھسۇلاتلارنى قۇراشتۇرۇپ پىششىقلاش قاتارلىق ئەمگەك كۈچى جۇلەشكەن كەسىپلەرنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى. 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى 22 ئېغىر نامرات ناھىيەدە نامراتلارنى يۆلەش سېخىدىن جەمئىي 2051ى قۇرۇلۇپ، 63 مىڭ ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى. بۇ نامراتلارنى يۆلەش سېخلىرىنىڭ كۆپىنچىسى توقۇمچىلىق، كىيىم ـ كېچەك، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش قاتارلىق

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونىمىز ئېلېكترونلۇق سودىدا بىۋاسىتە كۆرسىتىپ مال تونۇشتۇرۇش بويىچە «بىر، ئون، يۈز، مىڭ»نى قۇرۇپ ــــ

ئىستېمال كەسىپ ھالىتىدە يېڭىلىق يارىتىدۇ، ئىستېمالنىڭ قايتا جانلىنىشىغا كۈچ قوشىدۇ

كرىزىس ئىچىدە يېڭى پۇرسەت يېتىلدۈرۈش
ئۆزگىرىش ئىچىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش

پۈتۈن تارانتۇ مۇخبىرىمىز شى شىننىڭ ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز ئېلېكترونلۇق سودىدا بىۋاسىتە كۆرسىتىپ مال تونۇشتۇرۇش بويىچە «بىر، ئون، يۈز، مىڭ» قۇرۇلۇشى ئارقىلىق، تېخىمۇ كۆپ ئېلېكترونلۇق سودا ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، ئىستېمال ئەندىزىسى، كەسىپ ھالىتىدە يېڭىلىق يارىتىشقا ئىلھام بېرىپ، ئىستېمال يوشۇرۇن كۈچىنى سىجىل قويۇپ بەرگەن.

بۇ يىل يۇقۇم مەزگىلىدە، توردا ئىستېمال قىلىش، بىۋاسىتە كۆرسىتىپ مال تونۇشتۇرۇش قاتارلىق ئىستېمال يېڭى كەسىپ ھالىتى، يېڭى ئەندىزىسى كۈچلۈك ھاياتىي كۈچ ۋە غايەت زور يوشۇرۇن كۈچنى نامايان قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى «ئېلېكترونلۇق سودىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئىستېمالنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئالاقىدار خىزمەتلەر توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى ۋاقتىدا تۈزۈپ ئېلان قىلىپ، پائالىيەت كۆلىمىنى زورايتىش، پائالىيەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، ئەندىزە، كەسىپ ھالىتىدە يېڭىلىق يارىتىشقا ئىلھام بېرىش قاتارلىق سەككىز جەھەتتىن توردىكى بىلەن تور سىرتىدىكىنى يۇغۇرۇش، تاۋار ئوبوروتىنى راۋانلاشتۇرۇش، ئىستېمال بازىرىنى جانلاندۇرۇش، ئىستېمالنى تولۇقلاشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پائال تۈرتكە بولدى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)